# تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەن بەلكىم خاتا يولدا ماڭمىغان بولاتتىم. لېكىن بۇ دۇنيادا پۇشايماننىڭ دورىسى يوق ئىكەن، مەن بۇ قېتىملىق ساۋاقنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، ئۆزۈمنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئائىلەمدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قايتا قايمۇقتۇرۇشىغا، پايدىلىنىشىغا ئالدانمايمەن.

شۇ يىلى، مەن ئاقسۇ شەھەرگە بېرىپ دوستلىرىم بىلەن ئولتۇرۇش قىلدىم، ھاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تاكسى توسۇپ كەنتكە قايتتىم. تاكسىغا چىقىشىم بىلەنلا، شوپۇر مېنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ ياخشى ئولتۇرغۇزدى، يەنە ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ھاراقنى ئاز ئىچىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئەينى چاغدا مەن كۆپ ئويلىماپتىمەن، پەقەت ئۇ شوپۇرنى قىزغىن كىشى ئىكەن، دەپ ھېس قىلىپ، تېلېفون نومۇرلىرىمىزنى ئۆزئارا قالدۇرۇشتۇق. كېيىن مەن كەنتتىن شەھەرگە كىرسەملا، دائىم ئۇنىڭ تاكسىسىغا ئولتۇرىدىغان بولدۇم.

بېرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرۈپ، ئىككىمىز ئاستا ـ ئاستا يېقىن بولۇپ قالدۇق. بىر كۈنى بىز بىللە تاماق يېدۇق، تاماقتىن كېيىن ئۇ يان تېلېفوننى چىقىرىپ ماڭا سىن كۆرسەتتى، سىندىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان مەزمۇنلار ئىكەن. مەن كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى قورقتۇم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇ مېنى تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇيغۇر مىللىتى، تۇغۇلۇشىمىزدىنلا مۇسۇلمان. سەن تاماكا چەكسەڭ، ھاراق ئىچسەڭ خىجىل بولمامسەن؟ سەن ئەگەر جەننەتكە كىرىشنى ئويلىساڭ، چوقۇم بىزگە قوشۇلۇپ، ئازراق ئىش قىلىشىڭ كېرەك».

قانۇن ئېڭىم سۇس بولغانلىقتىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئىدىيەمدە تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولدى. مەن توردىن بىر قىسىم ئەسەبىزمغا دائىر سىنلارنى ئىزدەپ كۆرۈشكە باشلىدىم ھەم ئەتراپىمدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە يوللىدىم، يەنە خوتۇنۇم بىلەن بالىلىرىمنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتكە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. كىشىلەر ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىمغا كېلىپ، توردىن نەرسە سېتىۋېلىشقا ياردەم بېرىشىمنى تەلەپ قىلغاندا، مەن ئۇلارغا «كاپىرلار» بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىقنى ئېيتتىم، يەنە كەنت كادىرلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقنى، كەنتتىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى، ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلسا دوزاخقا كىرىپ ئوتتا كۆيىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

كېيىن كەنت كادىرلىرى مەندىكى نورمالسىزلىقنى بايقاپ، مەن بىلەن سۆزلىشىپ، سىردىشىپ، مېنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەسەبىزمنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، ئاتالمىش «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەننىڭ ھەممىسىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ ۋاقىتتا مەن ئاندىن ئىدىيەمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى، يەنە خوتۇن ـ بالىلىرىم ۋە قوشنىلىرىمنى خاتا يولغا ئىتتىرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن بەك ئەخمەق ئىكەنمەن!

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش مۇھىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، يەنە كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بىر توپ ياخشى ئوقۇتقۇچىلار بار. مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى جاڭ تاۋ مۇئەللىم، ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولۇپ، كۆزەينەك تاقايتتى، ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا ئىدى، بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. بىز قانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىساق، ئۇ تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى، جاڭ تاۋ مۇئەللىم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ياتىقىغا كەلگەندە، بىر ياتاقدىشىم ئۇنىڭغا: ئائىلىمىز 23 مو يەرگە كېۋەز تېرىغان، ئانام ياشىنىپ قالدى، ئاچام ئاغرىق، پاختىنى دەرھال تەرمىسە بولمايدۇ، لېكىن ئائىلىمىزدە مەندىن باشقا قاۋۇل ئەمگەك كۈچى يوق، قەتئىي يېتىشەلمەي قالدۇق، دېدى. جاڭ تاۋ مۇئەللىم ئۇنىڭ قىيىنچىلىق تەلىپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن دەپتەرگە خاتىرىلىۋالدى ھەم ئۇنىڭغا: «بۇ ئىشقا چوقۇم ئامال قىلىمەن، سەن خاتىرجەم ئۆگەنگىن، ئەنسىرىمە» دېدى.

ياتاقدىشىم ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيىگە قايتقاندا، ئېتىزدىكى پاختىلارنىڭ تېرىلىپ بولۇنغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەسلىدە، جاڭ تاۋ مۇئەللىم ياتاقدىشىمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كەنت كومىتېتىغا ئىنكاس قىلغان ئىكەن، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال كەنت كادىرلىرى بىلەن بىر قىسىم پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، ناھايىتى تېزلا پاختىنى تېرىپ بوپتۇ.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن كەنت كومىتېتىنىڭ يېنىدا بىر تاللا دۇكىنى ئاچتىم، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنمۇ بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدىم، تاللا دۇكىنىدىكى ماللارنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەممىي سودا قىلغانلىقىم ئۈچۈن، كەنت ئاھالىلىرى كېلىپ نەرسە سېتىۋېلىشقا ناھايىتى ئامراق، سودامۇ ناھايىتى ياخشى. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە مېۋىلىك باغ پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، مېۋىچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئاچماقچى بولۇۋاتىمەن. كەنت كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، مەن بانكىدىن 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن كەنتتىكى نامرات ئاھالىلەرنى باشلاپ بىللە ئىشلەپ، بىللە پۇل تېپىپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمەن.

مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېنى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى، ماڭا يېپيېڭى تۇرمۇش ئاتا قىلغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، مەن پۇختا ئىشلەپ، دۇرۇس ئادەم بولۇپ، ئەمگەكچان بىر جۈپ قولۇم بىلەن تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىمەن.

**(مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا رەتلىگەن)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# دۈشمەن بىلەن تەنھا ئېلىشقان قەھرىمان لۇ جېنلۇڭ



لۇ جېنلۇڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۆچەك، 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ)** چۆچەك شەھىرى جيۇلۇڭپو رايونى سەيىۈەن كۆلى سۇلۇق يەر باغچىسىدا، لۇ جېنلۇڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى لۇ جېنلۇڭ جىنايەت گۇماندارى ۋېي Xنى چاقىرتقىلى بارغاندا، قانۇنغا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە دۇچ كېلىپ باتۇرلارچە ئېلىشقان، بۇ جەرياندا بەدىنىنىڭ 21 يېرىگە پىچاق تىقىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى لۇ جېنلۇڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

1973 ـ يىلى، لۇ جېنلۇڭ شەندۇڭ لياۋچېڭدا تۇغۇلغان، 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غەربىي جەنۇب سىياسىي قانۇن داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، چۆچەك شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى (كېيىن جيۇلۇڭپو رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەن)نىڭ شىچياۋپۇ ساقچىخانىسىغا كىرىپ نوپۇسقا مەسئۇل خەلق ساقچىسى بولغان. قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى، لۇ جېنلۇڭ ھەم ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەيتتى ھەم كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلاتتى، نوپۇس ساقچىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇ تەۋەلىك رايوننىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ۋاقىتلىق نوپۇسلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەھلىل» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ چىققان. ساقچىخانىدا، ئۇ ئەزەلدىن شەخسىي پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشمايتتى، باشقىلارغا قىزغىن ئىدى، ئامما ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، لۇ جېنلۇڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى لەنخۇا كەنتىگە ئالدىنقى كۈنى كەچتە توپلىشىپ قىمار ئوينىغان، قولىغا قورال ئېلىپ ئۇرۇشقان جىنايەت گۇماندارى ۋېي Xنى سوراق قىلىشقا چاقىرتقىلى بارغان. چۈشتىن كېيىن سائەت 6دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ۋېي X ئۆيىگە قايتقاندا چوقۇم ئۆتىدىغان يول ئېغىزىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرغان. ئون مىنۇتتىن كېيىن، ۋېي X بىر قارا موتوسىكلىتنى مىنىپ يول ئېغىزىدا پەيدا بولغان، ئۇ خەلق ساقچىسىنى كۆرۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ موتوسىكلىتنى تاشلاپ قاچقان، لۇ جېنلۇڭ دەرھال باتۇرلارچە قوغلىغان. ۋېي X ئەتراپتىكى بىر خىلۋەت كوچىغا كىرىپ كەتكەن، لۇ جېنلۇڭ تار كوچىغا 200 مېتىر قوغلاپ كىرگەن، ئۇ ۋېي Xنى تۇتۇۋالاي دېگەندە، ئويلىمىغان يەردىن كەينى تەرەپتىن تۇيۇقسىز خەنجەر كۆتۈرۈۋالغان ئالتە ياش چىقىپ كەلگەن، ئۇلار دەل ۋېي X جىنايەت شايكىسىنىڭ باشقا بىر قانچە غوللۇق ئەزاسى ئىدى.

جېنىدىن تويغان يەتتە قارا نىيەت ئالدىدا، لۇ جېنلۇڭ قىلچە قورقۇپ قالماي: «مەن ساقچىخانىنىڭ نوپۇسقا مەسئۇل خەلق ساقچىسى، مەن ۋېي Xنى قانۇن بويىچە سوراق قىلىشقا چاقىرتقىلى كەلگەن، قالايمىقان ئىش قىلماڭلار!» دېگەن. بۇ قارا نىيەتلەر يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ: «ئۆزۈڭ يالغۇز تۇرۇپ، يەنە تېخى بىز بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنىۋاتامسەن، بۈگۈن ساڭا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى!» دەپ ۋارقىرىغان. ئۇلار گېپىنى تۈگىتىپلا خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ لۇ جېنلۇڭنى چاپقان، لۇ جېنلۇڭ گەرچە ئالدىدىكى بىر قارا نىيەتنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يان تەرەپتىكى قارا نىيەت خەنجىرىنى بىرلا شىلتىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە چاپقان، ئىسسىق قان ئېتىلىپ چىققان.

بۇ چاغدا لۇ جېنلۇڭ ئىسسىق قان توسۇۋالغان كۆزىنى كۈچەپ ئېچىپ، سول قولى بىلەن قارا نىيەتنىڭ خەنجىرىنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قارا نىيەت بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان. بۇ چاغدا، يەنە بىر قارا نىيەت خەنجىرنى لۇ جېنلۇڭغا تىققان...

قارا نىيەتلەر قاتىللىق قىلغاندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كەتكەن. يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىپ، بەدىنىنىڭ 21 يېرىگە پىچاق تىقىلغان لۇ جېنلۇڭنى دوختۇرخانىغا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاپارغان. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەر سائەت 4تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، لۇ جېنلۇڭنىڭ نەپەسى مەڭگۈلۈك توختىغان، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 25 ياشتا ئىدى.

لۇ جېنلۇڭغا كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن، چۆچەك شەھەرلىك پارتكوم ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلغان. 2007 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، لۇ جېنلۇڭنىڭ قان بىلەن بويالغان كىيىمى ۋە ساقچىلىق كىنىشكىسى دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى دەپ بېكىتىلگەن.

لۇ جېنلۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، چۆچەك شەھەرلىك ھۆكۈمەت سەيىۈەن كۆلى سۇلۇق يەر باغچىسىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ خاتىرە قەبرىستانلىقى ياسىدى ھەم ئۇنىڭ مىس ھەيكىلىنى تىكلەپ قايغۇلۇق ياد ئېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئورۇنلاشتۇرۇش ـ كونترول قىلىش مەركىزىدە، شۆھرەت زاكىر چاغان مەزگىلىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيەنىڭ بىخەتەر يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئىش ئورنىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشچىلىرىغا رەھمەت ئېيتتى، ئۇلارغا چاغانلىق بەخت تىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: بىر يىلدىن بۇيان، ئېلېكتر ئېنېرگىيە تارماقلىرى يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە تارماقلىرى بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايرام مەزگىلىدە ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەر يۈرۈشۈشىگە، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بىلەن ئىشەنچلىك تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش تارماق ئەترىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم ئوت ئۆچۈرۈش ئۇل ئەسلىھەلىرى، قۇتقۇزۇش كەسپىي ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى، ئوت ئۆچۈرۈش كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىلەن سىنلىق كۆرۈشتى، ئاساسىي قاتلام ئوت ئۆچۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ جەڭگە ھازىرلىنىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: چاغان يېقىنلىشىپ ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى مەركەزلىشىپ قالدى، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئوت مۇداپىئە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، جىسمانىي بىخەتەرلىككە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چاغانلىق يولۇچى توشۇش باشلانغان بىر ھەپتىدە، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا كۈندىلىك ئوتتۇرىچە يولۇچى ئېقىمى 60 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. شۆھرەت زاكىر پويىز كۈتۈش زالىغا كىرىپ، يولۇچىلار بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى، كۆپچىلىكنىڭ سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، چاغاننى خۇشال ئۆتكۈزۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى ھەم ئۇنىۋېرسال قوماندانلىق مەركىزىدىكى نۆۋەتچى خادىملارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كەڭ چاغانلىق يولۇچى توشۇش خىزمەتچىلىرى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ جەم بولۇشى ئۈچۈن، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپالىق خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، تۈرلۈك كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ قەتئىي، يەنىمۇ ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەربىر يولۇچىنى ئۆيىگە ئامان ـ ئېسەن، ئوڭۇشلۇق يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا، شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: چاغان كېلەي دەپ قالدى، ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان سورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى، قاتناش ـ ترانسپورت بىخەتەرلىكى، پوجاڭزا ـ ساليوت بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئالدىنى ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار چوقۇم ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چاغانلىق يولۇچى توشۇشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چاغانلىق يولۇچى توشۇش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، يۇرتىغا قايتقان ئاممىغا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشنى كۆچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بايرامنى خۇشال ـ خۇرام، ئىناق ئۆتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

# تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا چاغاننى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۈنلىيەن سوۋغا قىلدى؛ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرى گۈل قىيىش، كەمپۈت ئادەم ياساش، خېمىر ئادەم ياساش ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى... ھەر خىل شەكىلدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى خۇشال ـ خۇرام، ئىناق، قىزغىن بولغان قويۇق بايرام كەيپىياتى شەكىللەندۈردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن چاغان ئۆتكۈزۈپ، مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل ئىكەن. ئەلنەغمە كۆرىكى، تېپىشماق تېپىش، كوچا ئويۇنى ئويناش، چاغانلىق ئۆرپ ـ ئادەت سۈرەت كۆرگەزمىسى، چاغانلىق رەسىم كۆرگەزمىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت كۆرگەزمىسى، ئۆسمۈر ـ بالىلار خېمىر ھەيكەل مۇسابىقىسى، قەغەز قىيما نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى، پانۇس كۆرگەزمىسى ۋە قار ـ مۇز ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەردە چاغان پۇرىقى نامايان قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا مول «مەدەنىيەت چاغانلىقى» سوۋغا قىلىنىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ خۇامىن مۇنداق دېدى: «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى چاغانلىق ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى» يۈرۈشلۈك پائالىيىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ نۇقتىلىق قوللاش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، چاغان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم بايراملىق پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)